UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE

# خەلقئارا ۋەزىيەت

## ئۇچۇر ۋە تەۋسىيەلەر

29.12.2020 – 05.01.2021


تەييارلىغۇچىلار : م. تەكرىقۇت
: نىجات تۇرغۇن
: مەمەتئىلى مەمەتئىمىن
: نىجات مەمەت

تەھرىرلەر : ئادىلجان ئەرئۇيغۇر
: پاسىبان



13 - سان
06/01/2021


https://www.uysi.org/ug/

**ئامېرىكا – خىتاي مۇناسىۋىتى ھەپتىلىك تەرەققىياتتا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەر، ئانالىز ۋە تەۋسىيەلەر**

**(29.12.2020 —04.01.2021)**

**تەييارلىغۇچى: م. تەڭرىقۇت**

12- ئاينىڭ 29 - كۈنى بايدىن كېيىنكى تۆت يىلدا خىتايغا قارىتا قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدە بىشارەت بەرگەن. ئۇ«ۋاشىنگتون بېيجىڭغا قارشى ئوخشاش قىممەت قاراشقا ئىگە دۆلەتلەر بىلەن ئىتتىپاق قۇرۇشى لازىملىقى» نى تەكىتلىگەن. ئۇ مۇنداق دېگەن:

*خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ سودىدىكى زومىگەرلىكى ۋە پەن - تېخنىكا،كىشىلىك ھوقۇق ۋە باشقا جەھەتلەردىكى قىلمىشلىرىدىن ھېساب سوراش ئۈچۈن ئوخشاش قىممەت قاراشقا ئىگە بولغان، مەنپەئەتلىرىمىزنى قوغدايدىغان ۋە بىز بىلەن ئوخشاش چۈشەنچىگە ئىگە بولغان دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكسەپ ھاسىل قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا بىزنىڭ مەيدانىمىز تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. بىزنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىمىز دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ 25% نى ئىگىلەيدۇ، ئەگەر دېمكراتىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىقتىسادىنى قوشقاندا كۈچىمىز يەنە بىر ھەسسە ئاشىدۇ.*

ئۇ يەنە خىتاي ۋە رۇسىيەدىن كېلىدىغان بىخەتەرلىك تەھدىتىگە نىسبەتەن مۇداپىئە سىستېمىلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، بۇرۇنقى خىرىس ۋە تەھدىتلەرگە

قارىتا تۈزۈلگەن سىستېمىلارنىڭ ھازىرقى خىرىسلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا يېڭىلىنىشى لازىملىقىنى تىلغا ئالغان.

بۇ ھەقتە خەۋەر ئىشلىگەن ANI خەۋەر ئاگېنتلىقى تىرامپ دەۋرىدىكى ئامېرىكا- خىتاي مۇناسىۋەتلىرىنى يامانلاشتۇرغان ساھەلەرنى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان.


1. خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى
2. خوڭكوڭنىڭ ئالاھىدە ئورنىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى ۋە بىكار قىلىنىشى
3. خىتاينىڭ ئادىل بولمىغان تىجارەت قىلمىشلىرى
4. ۋىرۇس ھەققىدىكى ئۇچۇرلارنىڭ قامال قىلىنىشى
5. خىتاينىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى رايونلىرىدىكى ھەربىي زوراۋانلىقى[1]

لېكىن بۇ ھەقتە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭيى بايدىننىڭ ئامېرىكا-خىتاي مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقىنى سۆزلىگەن. ئۇ يەنە تىرامپ دەۋرىدىكى يېڭى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىش تىرىشچانلىقىنىڭ ھەر ئىككى دۆلەتكە زىيان سالغانلىقىنى تىلغا ئالغان ۋە بايدىننى گەرچە ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدە يامانلاشقان بولسىمۇ مۇۋاپىق بولغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئىككى تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشقا چاقىرغان. ۋاڭيىنىڭ بۇ چاقىرىقى مېدىيالاردا «ئامېرىكاغا زەيتۇن شېخى سۇنۇش» دەپ تىلغا

[1] ANI, “Biden sets tone for US-China ties, says coalition needed to confront Beijing”, ANI News, 29.12.2020. https://www.aninews.in/news/world/us/biden-sets-tone-for-us-china-ties-says-coalition-needed-to-confront-beijing20201229035002/

ئېلىنغان.[2] ئۇ يەنە ئامېرىكىنىڭ خىتاي تاللىغان ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادى تەرەققىيات مودېلىنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىش بىلەن بىرگە ئەگەر ئامېرىكا ئىككى تەرەپنىڭ توقۇنۇشىدىن «دەرس ئالغان بولسا» زىددىيەتنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنىمۇ قوشۇپ قويغان.[3]

شۇنداق بولسىمۇ، نۇرغۇن تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ھاڭنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكى ۋە نۇرغۇن سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. سەۋەبلەردىن بىرى، ترامپ دەۋرىدە، بولۇپمۇ 2020-يىلى ئامېرىكىدا خىتايغا بولغان سەلبىي قاراش تارىخى رېكورت ياراتقان.





[2] Xi Jiangtao, ” China-US relations: Beijing says ‘new window of hope’ is opening as it offers Biden administration an olive branch”, South China Morning Post, 02.01.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3116203/china-us-relations-beijing-says-new-window-hope-opening-it

[3] Stuff. Ruters, “ China suggests U.S. relations may recover after period of ‘unprecedented difficulty’”, Global News, 02.01.2020 https://globalnews.ca/news/7551311/china-us-relations-biden/

يەنە بىرى، ئامېرىكىدا ھەر ئىككى پارتىيەدە خىتاينى ياخشى كۆرمەسلىك كەيپىياتى ئېشىپ كەتكەن. گرافىكتىكى قىزىل جۇمھۇرىيەتچىلەرنى، كۆك بولسا دېموكراتلارنى ئىپادىلەيدۇ:

**Republicans remain more unfavorable toward China, but all partisans are increasingly negative**

*% who say they have an unfavorable opinion of China*




بۇ ھەقتە، خىتاي خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارا مەسىلىلەر تەتقىقاتى بۆلۈمى مۇئاۋىن مۇدىرى جىن سەنرۇڭ: خىتاينى چەكلەش ۋە قارشى تۇرۇش ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئىستراتېگىيەسىدۇر، دەپ كۆرسەتكەن. [4]

ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەت تېپىدىكى رىقابەتتىن ساقلانغىلى بولمايدىغانلىقىنى خەلقئارا مۇناسىۋەت رېئالىزم ئېقىمىنىڭ داڭلىق

[4] Matthew Weller, “ Will U.S.-China Relations Continue To Deteriorate In 2021?”, Investing, 03.01.2021 https://www.investing.com/analysis/will-uschina-relations-continue-to-deteriorate-in-2021-200549354

ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئامېرىكالىق پروفېسسور جون مىرشېيمىر  يىللار بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ يېقىندا يەنە خىتايغا بارساڭلار ھەممە كىشى مۇشۇنداق قارايدۇ ۋە ئويلايدۇ، دېگەن.

بولۇپمۇ 2020- يىلىدىن بېرى خىتاي مېدىيالىرىنىڭ كۈچەپ تەشۋىق قىلىشى بىلەن ئامېرىكاغا قارشى كەيپىيات ۋە خىتاي  مىللەتچىلىكى كۈچىيىپ كەتكەن. خىتاينىڭ ئوخشاش بولمىغان 16 شەھىرىدە 2000 دىن ئارتۇق كىشىدىن ئېلىنغان تەكشۈرۈش ھەققىدە ئېيتقاندا، دۆلەت ئارىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇش ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ،  56% خىتاي بۇ خىل ئۇرۇشنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر دەپ جاۋاپ بەرگەن، 12% بولسا ئاللىبۇرۇن باشلىنىپ بولدى، دەپ قارىغان.

يەنە بۇ تەكشۈرۈشكە قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە  70% تىن ئارتۇقى ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتتە خىتاي بارغانسېرى پايدىلىق ئورۇنغا ئۆتىۋاتىدۇ دەپ قارايدىكەن. 85% ى بولسا خىتاي چوقۇم ئامېرىكانىڭ دۇنيادىكى جاھانگىرلىك ئورنىغا كۈچلۈك قارشى تۇرۇشى لازىم، دەپ ئويلايدىكەن.[5]

ترامپنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مەسلىھەتچىسى خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى قوراللىق كۈچلەرگە پۇل بېرىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ ئافغانىستاندىكى قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدۇرغانلىقىنى ئېلان قىلغان. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، ترامپنىڭ بۇنى شى جىنپىڭغا دېگەن ياكى دېمىگەنلىكى تېخى ئېنىق ئەمەس ئىكەن. 6- ئايدىمۇ رۇسىيە تالىباننى سېتىۋېلىش ئارقىلىق ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدۇرغان ئىدى. ئامېرىكا ئىستىخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى John Ratcliffe بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

[5] Shi Jiantao, "US-China cold war was predicted years ago. Now the Chinese public can see it", South China Morning Post, 29.12.2020 https://www.scmp.com/news/china/diplomacy/article/3115698/us-china-cold-war-was-predicted-years-ago-now-chinese-public

*نۇرغۇن كىشىلەر ھەر خىل سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خىتاينىڭ ئامېرىكا ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تەھدىت بولۇشىنى خالىمايدۇ، لېكىن ئىستىخبارات يالغان سۆزلىمەيدۇ. خىتايدىن باشقا ھېچقانداق دۆلەت ئامېرىكانىڭ ئارزۇلىرىنى ۋە پىلانلىرىنى بەربات قىلىدىغان كۈچكە قادىر ئەمەس. رۇسىيە رەقىب بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئاجىز. خىتاي دۇنياغا ئىقتىسادىي، پەن- تېخنىكا ۋە ھەربىي جەھەتتىن ھۆكۈمدار بولماقچى.*[6]

جۇمھۇرىيەتچى سېناتور (ئالىي پالاتا ئەزاسى) تېد كىرۇز Ted Cruz، گۇگىلنى يەرشارىدىكى ئەڭ خەتەرلىك ئۈچۈر ئالاقە ۋە مېدىيا شىركىتى دەپ ئەيىپلىگەن. ئۇ يەنە يۇتيۇب، فېيسبۇك ۋە تىۋىتتېرنىمۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنى توسقان، دەپ قاتتىق ئەيىبلىگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ شىركەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە مەنپەئەتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مەزمۇنلارنى چەكلەيدىكەن. كىرۇز مىسال ئۈچۈن، ۋاشىنگتون پوچتا گېزىتى ئېلان قىلغان بايدىننىڭ چىرىكلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىككى پارچە مۇھىم خەۋەرنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىلىپ قويغانلىقىنى تىلغا ئالغان. ئۇ يەنە گۇگىلنىڭ بۈنىڭدىن بەش-ئون يىل ئىلگىرى ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ھازىر بولسا كىشىلەرنىڭ پىكىر ئەركىنلىكىنى بوغۇپ قويىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان.[7]

تېبەتلىكلەر ئامېرىكا- خىتاي مۇناسىۋىتىنىڭ يامانلىشىش پۇرسىتىدىن ياخشى پايدىلانغان. «The Diplomat» نىڭ ئىنتېرنېت خەۋەر سەھىپىسىدە

[6] Ovunc Kutlu, “ Trump brifed on China rewarding attacks on US forces”, Anadolu Agency, 31.12.2020. https://www.aa.com.tr/en/americas/trump-briefed-on-china-rewarding-attacks-on-us-forces/2094816

[7] Brian Sozzi, “ Senator Ted Cruz: Big tech companies like Google are ‘drunk on power’”, Yahoo Finance, 21.12.2020 https://finance.yahoo.com/news/senator-ted-cruz-big-tech-companies-like-google-are-drunk-on-power-170905839.html

«تىبەت لىدىرى ئامېرىكاغا خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى جازالاش ئۈچۈن بېسىم قىلدى» ماۋزۇلۇق ماقالە ئېلان قىلىنغان.

ماقالىدە دېيىلىشىچە، 2020- يىلى تىبەت مەركىزىي ھۆكۈمەت لىدىرى لوبساڭ سانگاي ئامېرىكا ۋە تىبەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى ۋە ئىستراتېگىيەسىنى ئورتاق نۇقتىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ۋاشىنگتون ۋە (ھىندىستاندىكى) دارامسالا ئوتتۇرىسىدا سانسىز قېتىم قاتنىغان.

ئاق ساراي سانگاينى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇن «1950- يىللاردا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تىبەتنى قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىۋالغان» دەپ رەسمىي بايانات ئېلان قىلغان. لوبساڭ سانگاي بۇنى ئامېرىكانىڭ تىبەتنى خىتاي تەرىپىدىن بېسىۋېلىنغان زېمىن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن مۇستەقىل بىر دۆلەت ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن.

سانگاينىڭ لىدىرلىكىدە تىبەتلىكلەر ئامېرىكا جەمئىيىتى ۋە سىياسىي سەھنىسىدە پارتلاش خاراكتېرلىك قوللاشقا ئېرىشكەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سىياسەتچىلەر تىبەت مەسىلىسىگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. ھەتتا ئامېرىكا كونگرېس ئەزاسى سكوت پېررى ئامېرىكا پرېزىدېنتىنىڭ تىبەت ئاپتونوم رايوننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن.[8]

[8] Kevin Holden, “ Amid US-China Tensions, Tibetans Seize the Moment”, The Diplomat, 30.12.2020 https://thediplomat.com/2020/12/amid-us-china-tensions-tibetans-seize-the-moment/

## خەۋەرلەر ھەققىدە مۇلاھىزە

ئامېرىكانىڭ خىتايغا قانداق سىياسەت قوللىنىدىغانلىقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر بايدىن سايلامدا غەلبە قىلغاندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ قېتىم بايدىننىڭ ئۆز ئاغزى بىلەن دېيىشى بۇ پەرەزلەرنىڭ ئاساسى جەھەتتىن توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

لېكىن مۇھىم بولغىنى بايدىن ۋە ئامېرىكانىڭ بۇ پىلانىغا باشقا دېموكراتىك دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكانىڭ ئىتتىپاقداشلىرى قانداق قارايدۇ؟ ئەگەر بۇ ئىشلار ئامېرىكا پىلانلىغاندەك بولسا خىتايغا قارىتا ھەقىقەتەن ناھايىتى كۈچلۈك ئىتتىپاق شەكىللىنىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ھەرىكەت قىلسا ئامېرىكانىڭ بۇ پىلانى ئويلىغاندەك ئۈنۈملۈك بولمايدۇ. مەسىلەن، ياۋروپا ئىتتىپاقى، ئامېرىكانىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي خىتاي بىلەن سودا ۋە مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى ئىمزالىدى. يەنە تېخى ئامېرىكا بىلەن ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغانلىقىنى، لېكىن ئامېرىكانىڭ ئەگەشكۈچىسى ئەمەس بەلكى تەڭ دەرىجىلىك ئىتتىپاقدىشى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ بىر تەرەپتىن ھەممە ئىشنىڭ ئامېرىكا دېگەندەك شەكىلدە بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن غەرب لاگېرىنىڭ كۈچىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ياۋروپا ئامېرىكا بىلەن باراۋەر ئورۇندىكى ئىتتىپاقداش بولۇش ئۈچۈن كۈچىنى ئاشۇرۇشى لازىم. ئەمما مۇھىم بولغىنى، بۇ ئىككى كۈچ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ خىتايغا قارشى تۇرامدۇ ـ يوق؟ دېگەندىن ئىبارەت.

ئامېرىكا ئۈچۈن تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى ئاسىيا ۋە تىنچ ئوكياندىكى ئىتتىپاقداشلىرىدۇر. بۇ دۆلەتلەر ھەمىشە خىتاي ۋە ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرىسىدا

كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى شۇنداق. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئىككى دۆلەت رىقابىتىدە تەرەپ تۇتۇش نىيىتى يوق. شۇڭا ئامېرىكاغا نىسبەتەن مۇھىم بولغىنى ئىتتىپاقداشلىرىنى ۋە دېموكراتىك ئەللەرنى خىتايغا ئۆزىنىڭ تەرەپتە تۇرىدىغان قىلىشتىن ئىبارەت.

يەنە بىر تەرەپتىن ۋاشىنگتوننىڭ بايدىن ھۆكۈمىتىگە بەرگەن «تىنچلىق سىگنالى» خىتاي تەرەپنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرغۇچى ۋە مەۋجۇت سىستېمىنىڭ قوغدىغۇچىسى قىياپىتىگە كىرىۋېلىشىنىڭ بېشارىتى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق دۇنياغا ئامېرىكانى جېدەلخور، ئۆزىنى بولسا تىنچلىقپەرۋەر قىلىپ كۆرسەتمەكچى. ۋاشىنگتوننىڭ ئامېرىكانى خىتاينىڭ تەرەققىيات مودېلى ۋە ئىجتىمائىي سىستېمىسىغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىشى، خىتاينىڭ باشقىلارنى پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە چاقىرىسىمۇ ئۆزىنىڭكىنى ئۆزگەرتمەيدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر.

خىتاينىڭ ئافغانىستاندىكى ھەرىكەتلىرى مەيلى يالغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەركىتى» كۈچلىرى قورۇش نىيىتى بولسۇن ياكى باشقا قوراللىق كۈچلەرگە پۇل بېرىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ قىسملىرىغا ھوجۇم قىلدۇرۇشى بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ رايوندا ئاكتىپ بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن ۋەتەننىڭ ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. رۇسىيەنىڭمۇ ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئامېرىكا ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدۇرۇشى، خىتاي باشچىلىقىدا ئامېرىكاغا قارشى بىر ئىتتىپاقنىڭ قۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇلار ئېھتىمال خىتاي، رۇسىيە، پاكىستان ۋە ئىران بولۇشى مۇمكىن.

يەنە بىر مۇھىم مەسىلە بولسا، گۇگىل ۋە تىۋىتتېرغا ئوخشايدىغان

شىركەتلەرنىڭ ھاياتىمىزدا كۈنسېرى مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىغا ھەممىمىز شاھىت بولماقتىمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئەركىنلىكىنى بوغۇشى ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدۇر. ئەگەر بۇ خىل ئۇسۇل داۋاملاشسا «دىگىتال دىكتاتورلۇق» قا ئىشىك ئېچىلىشى ۋە بۇنىڭدىن كېيىن ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى قىسىلىشى مۇمكىن. بۇ يەنە بىر تەرەپتىن خىتايچە دىكتاتورلۇق تۈزۈمىنىڭ بىر ۋارىيانتىنىڭ باشقا رايونلارغا يېيىلىشىنىڭمۇ باشلىنىشى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە ئامېرىكالىق جۇمھۇرىيەتچى سېناتور تېد كرۇزنىڭ بۇ شىركەتلەرنى ئەيىبلىشى تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇشۇنداق قارشى چىقىدىغان سىياسەتچىلەر بولغاندىلا بۇنىڭدىن كېيىن بۇ شىركەتلەرگە ئوخشاش باشقا يېڭى شىركەتلەرمۇ بارلىققا كېلىدۇ ياكى گۇگىل قاتارلىق شىركەتلەر دىكتاتورلىشىش سىياسىتىدىن ۋاز كېچىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا، 2020- يىلى تىبەت مەركىزىي ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلبىسىنى توغرا ئىستراتېگىيە، بىر نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن ئىختىساس ئىگىلىرى، سىستېمىدىكى تەشكىلچانلىق ۋە دۆلەتكە ئوخشاش ھەركەت قىلىدىغان دىپلوماتىك تەدبىر ۋە تالانتنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن دۇنيا مىقياسىدا، جۈملىدىن غەرب دۇنياسىدا خەلق ئاممىسى ۋە سىياسەتچىلەر قاتلىمىدا كۈچلۈك قوللىغۇچىلىرى ۋە ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىرى بار، بۇنى ھەر تەرەپتىن كۆزىتىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ.

# خىتاي - ياۋروپا ئىتتىپاقى مۇناسىۋەتلىرى

## (03.01.2021 —28.12.2020)

**نىجات تۇرغۇن**

■ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي 2020 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر «ئومۇمىيۈزلۈك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى»نى ئىمزالىدى. بۇ كېلىشىمنى تۈزۈشكە ئىككى تەرەپنىڭ ئەڭ چوڭ رەھبەرلىرى قاتناشتى. خىتاي تەرەپ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرىغا ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ بازىرىنى ئېچىشقا ۋە ياۋروپا شىركەتلىرىگە ئادىل مۇئامىلە قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقى، خىتاينىڭ دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىنتىزام ۋە تولۇقلىما بېرىشتە ئوچۇق ـ ئاشكارا بولىدىغانلىقى ۋە تېخنىكىنىڭ مەجبۇرى يۆتكىلىشىگە قارشى تۇرۇشنى كۈچەيتىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەردى. خىتاي يەنە تۈنجى قېتىم ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا دائىر بەلگىلىملەرگە قوشۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەجبۇرى ئەمگەك ۋەدىسى ۋە خەلقارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسى ئەھدىنامىسىنى تەستىقلاش قاتارلىقلار بار.

ياۋروپا كومىتېتى پرېزىدېنتى Ursula von der Leyen كېلىشىم توغرۇلۇق:

*«بۇ كېلىشىم خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىز ۋە قىممەت قاراشلىرىمىزنى ئاساس قىلغان تىجارىتىمىزدىكى مۇھىم بىر بەلگە، بۇ كېلىشىم ياۋروپا مەبلەغ سالغۇچىلىرىنى خىتايدا تېخىمۇ كەڭ بازار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ خىزمەت پۇرسەتلىرىنى يارىتىدۇ. بىزنىڭ خىتاي بىلەن بولغان ئىقتىسادى*

*مۇناسىۋىتىمىزنى قايتىدىن تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ»* دېدى[9]. خىتاي پىرېزىدېنتى شى جىنپىڭ: *«بۇ كېلىشىم ئۆز-ئارا مەبلەغ سېلىشتا ياۋروپا بىلەن خىتاينى تېخىمۇ پارلاق ھەمكارلىق ئىستىقبالى بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە COVID-19 دىن كېيىنكى دەۋردە، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، خەلقارانىڭ يەرشارىلىشىش ۋە ئەركىن سودىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇپ، ياۋروپا - خىتاي بازىرىنىڭ ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشىغا تۆھپە قوشىدۇ»* دېدى.[10]

## مۇلاھىزە:

گەرچە بۇ كېلىشىم ئىمزالانغان بولسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەرئىككى تەرەپنىڭ پارلامېنتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى لازىم. ئالدىمىزدىكى توققۇز ئايدا بۇ كېلىشىمنىڭ تەپسىلىي ماددىلىرى ياۋروپا پارلامېنتىدا، بەزى ئالاقىدار ماددىلىرى ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئۆز پارلامېنتىدا ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشى گەرچە ياۋروپا كومىتېتى ۋە شىركەتلىرى تەرىپىدىن ئالقىشلانغان بولسىمۇ، ياۋروپا پارلامېنتىدىكى كۆپلىگەن سىياسەتچىلەر ۋە تەتقىقاتچىلار بۇنى ئالدىراقسانلىق بىلەن ئىمزالانغان كېلىشىم دەپ ئەيىپلەپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئېرىشكىنىگە قارىغاندا يوقىتىدىغىنىنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە بۇ كېلىشىم نەتىجىسىدە ياۋروپا ئىتتىپاقى ئىستراتېگىيەلىك ئۈستۈنلۈكنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەردى دەپ قارىغان. ياۋروپادا پەقەت گېرمانىيە، فرانسىيە ۋە پورتۇگالىيە دۆلەت رەھبەرلىرىلا بۇ

---

[9] Miriam GARCIA FERRER and Sophie DIRVEN. ''EU and China reach agreement in principle on investment". European Comission.30.12.20. https://ec.europa.eu/commission/presscorner/detail/en/ip_20_2541

[10] Ministry of Foreign Affairs of China.''Xi Jinping Holds a Video Meeting with German, French and EU leaders at which Chinese and EU Leaders Jointly Announce the Completion of the Negotiations for China-EU Comprehensive Agreement on Investment as Scheduled". 30.12.20. https://www.fmprc.gov.cn/mfa_eng/zxxx_662805/t1844192.shtml

كېلىشىمنىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن بەك مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. پولشا، گوللاندىيە، ئىسپانىيە ۋە باشقا بەزى دۆلەتلەر ئەندىشىسىنى بىلدۈرۈپ، كېلىشىم ئىمزالاشتىن بۇرۇن ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان ئىتتىپاقدىشى ئامېرىكا بىلەن مەسلىھەتلىشىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئامېرىكا تەرەپمۇ بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالانغانلىقىدىن مەمنۇن ئەمەسلىكىنى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ بۇ كېلىشىمنى ئىمزالىشىنىڭ ئامېرىكانى ھەيران قالدۇرغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىنىڭ كۆپلىگەن سەۋەبلىرى بولۇپ، بۇلار:

1. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ COVID-19 مەزگىلىدە چېكىنگەن ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش؛
2. ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ خىتاي بازىرىغا ئىگە بولۇشى ۋە ياۋروپا شىركەتلىرىنىڭ خىتايدا خىتاي شىركەتلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش؛
3. ياۋروپانى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ۋە خەلقارا سەھنىدىكى تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق كۆپ قۇتۇپلۇق دۇنيا بەرپا قىلىش.
4. خىتاي ئىقتىسادى كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش؛
5. خىتاي شىركەتلىرى ياۋروپا بازىرىغا ۋە ئىستراتېگىيەلىك سانائەتلەرگە كىرىش ۋە جاھانگىر دۆلەت بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تېخنولوگىيەلەرگە ئېرىشىش؛
6. خىتاي يولغا قويغان يېڭى يىپەك يولى ئىستراتېگىيەسىنى ئەڭ مۇھىم قىسمى بولغان ياۋروپادا ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛
7. خىتاي - ئامېرىكا رىقابىتىدە ياۋروپانى ئۆزىگە قارىتىپ بىتەرەپ تۇرغۇزۇش ۋە ئامېرىكا بىلەن ياۋروپانىڭ ئاتلانتىك ئوكيان ھالقىغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىندىن جانلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش.

ئەگەر ئىمزالانغان بۇ كېلىشىم ئىككى تەرەپ تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلسە، تۆۋەندىكى ئېھتىماللىقلار چىقىشى مۇمكىن:

1. ئىقتىسادىي ئۆز-ئارا تايىنىشنىڭ كۈچىيىشى ۋە تەسىر كۈچىنىڭ ئېشىشى؛ ئەمەلىيەتتە كۈچلۈك ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە خىتاينىڭ مەيدانغا كېلىشى؛

---

1. تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تەسىر كۈچكە ئىگە خىتاينىڭ مەيدانغا كېلىشى؛
2. خىتاي يېقىنقى ئايلاردا ئىمزالىغان CAI ۋە RCEP كېلىشىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئامېرىكا بىلەن بولغان رىقابەتتە كۈچ ئىشلىتىشى؛
3. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ھوڭكوڭ مەسىلىلىرىگە ئارىلىشىشىنىڭ ئاجىزلىشى؛
4. بۇ كېلىشىمنىڭ ئىمزالىنىشىنى خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە يېقىلغان يېشىل چىراغ ھېسابلاپ، قاتتىق قول مۇستەملىكە سىياسىتىنى داۋاملىق يۈرگۈزۈشى؛
5. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرى ۋە خەلقارادىكى نورماتىك، ئىشەنچلىكلىك ھەم پرىنسىپچانلىق تەسىرىنىڭ ئاجىزلىشى؛
6. خىتاي - ئامېرىكا ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنىڭ تېخىمۇ كەسكىنلىشىشى ؛
7. بۇ كېلىشىمنىڭ ياۋروپا پارلامېنتى تەرىپىدىن تەستىقلانماسلىقى ئۈچۈن ئامېرىكانىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا بېسىم قىلىشى؛

## تەۋسىيەلەر:

ياۋروپا بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى «ئومۇميۈزلۈك مەبلەغ سېلىش كېلىشىمى»نىڭ ئەمەلىيلىشىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىغا زىيانلىق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن

ياۋروپا ۋە ئامېرىكادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بۇ كېلىشىمنىڭ تەستىقلانماسلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل سىياسەت يولىنى بىرلا ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىش لازىم:

1. خەلقارادىكى ھەر قايسى ئىنسان ھەقلىرى جەمىيىتى، كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، كەڭ كۆلەملىك سەپەرۋەر قىلىش ئارقىلىق ياۋروپا ئىتتىپاقىغا بېسىم پەيدا قىلىش.

2. ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ھەر قايسى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ پارلامېنت ئەزالىرىغا بۇ كېلىشىمنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق تەرەپلىرى ۋە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاقىۋەتلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ كېلىشىمنى رەت قىلىشقا قايىل قىلىش.

3. ياۋروپا ئىتتىپاقى، پارلامېنتى، يەرلىك پارلامېنتلار  ۋە ئەزا دۆلەتلەرگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى بېسىم قىلغۇزۇش.

# خىتاي ئىچكى ۋەزىيىتى

## (03.01.2021 —28.12.2020)

### مەمەتئېلى مەمەتئېمىن

### ■ خىتاي تۇنجى خىتاي ۋىرۇسى ۋاكسىنىنى تەستىقلىدى.

2020-يىلى 31-دېكابىردا خىتاي دۆلەت يېمەكلىك ۋە دورا نازارەت باشقۇرۇش ئىدارىسى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، سىنوفارم جۇڭشېڭ بېيجىڭ شىركىتىنىڭ (国药集团中国生物北京公司)خىتاي ۋىرۇسى ۋاكسىنىنى شەرتلىك تەستىقلىدى.[11] بىر كۈن بۇرۇن بۇ ۋاكسىنىنىڭ ئۈنۈمىنىڭ 79.34% ئىكەنلىكى ۋە تەستىقلىتىشقا سۇنۇلغانلىقى دېيىلگەن ئىدى.[12] دېكابىرنىڭ (2020) باشلىرىدا بۇ ۋاكسىنا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى[13]، بەھرەيىن[14] قاتارلىق دۆلەتلەردە رۇخسەتكە ئېرىشكەن ئىدى. 2021-يىلى 1-ئاينىڭ 3-كۈنى مىسىردىمۇ رۇخسەتكە ئېرىشتى.[15]

[11]<国务院联防联控机制于2020年12月31日10时举行发布会，科技部、国家卫生健康委、国家药监局、外交部、工业和信息化部、国务院联防联控机制科研攻关组、国药集团有关负责人介绍新冠病毒疫苗情况，并答记者问>、中国政府网、2020年12月31日、http://www.gov.cn/xinwen/gwylflkjz143/index.htm

[12]<国药集团中国生物北京公司新冠病毒灭活疫苗Ⅲ期临床试验期中分析数据发布>、北京生物制品研究所有限公司、2020年12月30日、http://www.bjbpi.com/news_list.asp?id=787

[13]<阿联酋给予中国国药集团新冠疫苗正式注册>、新华网、2020年12月09日、http://www.xinhuanet.com/2020-12/09/c_1126842251.htm

[14]<巴林批准中国国药集团新冠灭活疫苗上市>、中华人民共和国驻巴林王国大使馆、2020年12月13日、http://bh.china-embassy.org/chn/zbgx/t1839841.htm

[15]<埃及正式批准使用中国国药集团新冠灭活疫苗>、新华网、2021年1月03日、http://www.xinhuanet.com/2021-01/03/c_1126941433.htm

## مۇلاھىزە:

خىتاي ۋىرۇسى چىققاندىن بۇيان خىتاي ۋىرۇستىن پايدىلىنىپ «ماسكا دىپلوماتىيەسى» ئوينۇنى ئوينىدى. بۇ ئارقىلىق خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبلىك تۆكۈلگەن ئىناۋىتىنى تىكلەش ۋە بۇنى دۇنيا سىياسىتىدە سۆز ساھىبى بولۇش ئۈچۈن قوللىنىشقا تىرىشتى. ئەمدى «ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى» ئارقىلىق غەربنىڭ ۋاكسىنىسىغا ئېرىشەلمەيدىغان ياكى نوپۇسى كۆپ ۋاكسىنا يېتىشمەيدىغان ۋەياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان رايون خاراكتېرلىك مۇھىم دۆلەتلەرگە ۋاكسىنا سېتىپ، بۇنى بۇ دۆلەتلەر بىلەن يېقىنلىشىش ياكى مەلۇم بىر سىياسىي غەرەز ئۈچۈن ئىشلىتىشكە ئۇرۇنماقتا. مەسىلەن، تۈركىيە، بىرازىلىيە، ھىندونېزىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاينىڭ سىنوۋاك （科兴 sinovac） ۋاكسىنىسىنى سېتىۋالدى.

ئەمما خىتاي بۇ قېتىم سىنوۋاك ۋاكسىنىسىغا ئەمەس سىنوفارم (Sinopharm) ۋاكسىنىسىغا رۇخسەت بەردى. بۇ خىتايدىكى تۇنجى رۇخسەت ئالغان ۋاكسىنا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى خىتاي باشقا دۆلەتلەرگە ساتقان سىنوۋاك ۋاكسىنىسىنىڭ خىتايدا رەسمىي ئىشلىتىلىشىگە رۇخسەت بەرمىدى. بۇنىڭدىن باشقا خىتاي، فۇشىڭ گۇرۇھى （复星集团） ئارقىلىق بىئون تەك (BioNTech) تىن 100 مىليون تال فايزر (Pfizer) ۋاكسىنىسى سېتىۋالىدىغانلىقى[16] دىققەت قوزغىماقتا.

گەرچە، خىتاي نوپۇسىنىڭ زىيادە كۆپلۈكىنى، ۋاكسىنىنىڭ

---

[16] <BioNTech与复星医药宣布达成协议向中国供应mRNA新冠核酸疫苗>、复星医药、2020年12月16日、 https://www.fosunpharma.com/news/news-details-3820.html

يېتىشمەيدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ ئۆزلىرى ئىشلەپ چىقارغان ۋە تۈركىيە، برازىلىيەدە سىناقتىن ئۆتكەن ۋاكسىنىنى ئىشلەتمەي ئەكسىچە چەتئەلدىن سېتىۋېلىشى، چەتئەلگە ساتقان ۋاكسىنىلىرىنىڭ خىتايدا تېخى رۇخسەت بېرىلمەسلىكى ئادەمنى گۇمانغا سالماي قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، خىتاينىڭ مەيلى بۇ رۇخسەت ئالغان سىنوفارم بولسۇن ياكى باشقا دۆلەتلەرگە ساتقان سىنوۋاك بولسۇن، بۇ ھەقتىكى سانلىق مەلۇماتلار تەپسىلىي ئەمەس ۋە سىناق قىلغان ئادەم سانىمۇ باشقا ۋاكسىنىلارغا قارىغاندا سانى چەكلىك. بۇمۇ خىتاي ۋاكسىنىلىرىغا بولغان ئەنسىرەشنى كۈچەيتىۋاتىدۇ.[17] ئەگەر خىتاينىڭ بۇ «ۋاكسىنا دىپلوماتىيەسى» مەغلۇپ بولسا، بۇنىڭ بەدىلى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ.

■ خىتاي رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ تەستىقى بىلەن، مەركىزى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى يېقىندا «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنى تاللاشتىكى قوشۇمچە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش ۋە تەربىيەلەشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»، «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەش ۋە ۋاقىتلىق باشقۇرۇش نىزامى»، «ۋەزىپە ئىجرا قىلىشتىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنىڭ پېنسىيەگە چىقىشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «رەسمىي خىزمەتتىكى ئوفىتسېرلارنىڭ ئىش ھەققى سەۋىيەسىنى باشقۇرۇشتىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «كەسپىي

[17]Carl Zimmer and Ernesto Londoño, "Turkey and Brazil Say Chinese Vaccine Effective, With Sparse Supporting Data", New York Times, 12.25.2020, https://www.nytimes.com/2020/12/25/health/turkey-brazil-sinovac-coronavirus-vaccine.html?_ga=2.122097547.1626172612.1609685873-1786095662.1595958836

تېخنىكا خادىملىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»، «ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىرلەر»، «ئوفىتسېرلارنىڭ كەسىپ تەرەققىيات يولىنى باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە « ئوفىتسېرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى رەت تەرتىپىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى ۋە ئۆتكۈنچى سىياسەتلەرنى تەڭشەش ئۇقتۇرۇشى» قاتارلىق قوللاش بەلگىلىملىرىنى ئېلان قىلدى ۋە 2021-يىلى 1-يانۋار يولغا قويۇلدۇ.[18]

## مۇلاھىزە:

خىتاي يېقىندىن بۇيان ئەسكىري كۈچىنى كۈچلەندۈرۈش ۋە زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇش قەدىمى، 2027-يىلغا كەلگەندە زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇش ئىشىنى تاماملاش[19]، 2049-يىلىغا كەلگەندە دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك ئارمىيەنى قۇرۇپ چىقىش [20] پىلانى بويىچە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. خىتاينىڭ ئەسكىري خامچوتى 178 مىليارد 200 مىليون دوللارغا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن 6.6% ئاشتى.[21] بۇ ئامېرىكىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قورال-ياراقلارلا ئەمەس، تەلەپكە لايىق ئەسكەر قوماندانلارمۇ يېتىشىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن خىتاي يېقىندىن بۇيان يۇقىرىدىكىدەك بەلگىلىملەرنى چىقىرىپ، زامانىۋى جەڭ تېخنىكىلىرىنى بىلىدىغان، زامانىۋى ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئەسكەر ئوفىتسېرلارنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يېقىندا «ئارمىيە ئەسلىھەلىرى

[18]<中央军委印发《现役军官管理暂行条例》及相关配套法规>、 新华网、 2021年1月01日、 http://www.xinhuanet.com/mil/2021-01/01/c_1210960245.htm

[19]Liu Caiyu, “China’s centennial goal of building a modern military by 2027 in alignment with national strength: experts”, Global Times, 31.10.2020, https://www.globaltimes.cn/content/1205238.shtml

[20]<习近平：为实现党在新时代的强军目标 把人民军队全面建成世界一流军队而奋斗>、 新华网、 2017年10月26日、 http://www.xinhuanet.com/politics/19cpcnc/2017-10/26/c_1121862632.htm

[21]<2020年国防支出预算保持适度稳定增长>、国防部网、2020年05月29日、 http://www.mod.gov.cn/info/2020-05/29/content_4866024.htm

نىزامنامىسى»[22]، «ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»[23] قاتارلىق قارار بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلىش ئارقىلىق قورال- ياراق ۋە كەسپىي بىلىم بويىچە زامانىۋىلىشىشنى تېزلىتىۋاتىدۇ.

يېقىندىن بۇيان خىتاينىڭ «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى»، ئۆز مەنپەئەتىگە زىت بولغان خەلقئارا قانۇنلارغا بوي سۇنماسلىقى، جەنۇبىي خىتاي دېڭىزىدىكى ھەربىي ھەرىكىتىنىڭ كۈچلىنىشى، قوشنا دۆلەتلەرنى بوزەك قىلىشى، تەيۋەن مەسىلىسى، ھىندىستان چېگرا توقۇنۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر شۇنداقلا خىتاينىڭ، كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىش قىلىشتىن يانمايدىغان پوزىتسىيەسى ۋە 2049 پىلانى دۇنيانى ئەندىشىگە سالماقتا. ئامېرىكا، ھىندىستان، ياپونىيە، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق دۆلەتلەر خىتاي تەھدىتىگە قارىتا بىرلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى. خىتاينىڭ بارغانسېرى تېزلىشىۋاتقان زامانىۋى ئارمىيە قۇرۇش قەدىمى ۋە زومىگەرلىكنى ئاساس قىلغان «جەڭ بۆرىسى دىپلوماتىيەسى» رەقىبلىرىنىڭ بىرلىشىشىنى، غەربنىڭ خىتايغا قارىتا بالدۇرراق ئويغىنىشىنى تېزلىتىشى مۇمكىن.

[22]<中央军委主席习近平签署命令 发布新修订的《军队装备条例》>、 国防部网、 2021年01月02日、 http://www.mod.gov.cn/shouye/2021-01/02/content_4876361.htm
[23]<中央军委印发《关于加快推进三位一体新型军事人才培养体系建设的决定》>、 新华网、2020年 10月19日、 http://www.xinhuanet.com/2020-10/19/c_1126631024.htm

## بۇ ھەپتە شەرقىي تۈركىستان

## (04.01.2021 —29.12.2020)

**نجات مەمەت**

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.[24]

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ يىل «ئاپتونوم رايون»، ۋىلايەت، ئوبلاست(شەھەر)، ناھىيە، كوچا(يېزا-بازار)، مەھەللە(مەمۇرىي كەنت) دىن ئىبارەت بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسى ئاساسىي جەھەتتىن قۇرۇلغان. ئىستاستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە شەھەر، يېزىلاردا مەھەللە(مەمۇرىي كەنت) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمەت پونكىتىدىن 11 مىڭ 735ى قۇرۇلۇپ، قاپلاش نىسبىتى 99.8%كە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا كەنت دەرىجىلىك (مەھەللە) ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمەت پونكىتىدىن 6230ى قۇرۇلۇپ، قاپلاش نىسبىتى 100%كە يەتكەن.

بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىغا

[24] تىيانشان تورى، ئاپتونوم رايونىمىز بەش دەرىجىلىك ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمەت سىستېمىسىنىڭ تولۇق قاپلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، 30-12-2020
http://uy.ts.cn/system/2020/12/30/036546096.shtml

تايىنىپ، بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندا «ئالاقە تورى + ئاممىۋى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى»نىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىلغانلىقى، تۈرلۈك خىزمەت ئىزدىگۈچىلەر ۋە ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ئۈچۈن تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى ئۇدۇللاشتۇرۇش سۇپىسى بەرپا قىلىنىپ، بازار ئۇدۇللاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەنلىكى،شۇنداقلا ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملاشتۇرغانلىقى خەۋەر قىلىنىدى. بىلدۈرۈلۈشىچە، 2020 ـ يىلى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان بويىچە تۈرلۈك تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىدىن 1047 مەيدان قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە توردا تەكلىپ قىلىش 796 مەيدان قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ، 248 مىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىش ئورنى ئېلان قىلىنىپ، 79 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

■ ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى پارتىيە كومىتېتى نەزەرىيە ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى باياناتىنى ئۆگەندى.[25]

بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون»لۇق پارتىيە كومىتېتى رەئىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە خىتاي دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى باياناتىنى[26] ئۆگەنگەن ۋە بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىپچىنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

---

[25] تىيانشان تورى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىپچىنى ھەر ۋاقىت چىڭ تۇتۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك، 31 ـ 12 ـ 2020
http://uy.ts.cn/system/2020/12/31/036546713.shtml

[26]新华网、习近平对安全生产作出重要指示强调　树牢安全发展理念　加强安全生产监管　切实维护人民群众生命财产安全、2020-04-10　http://www.xinhuanet.com/politics/leaders/2020-04/10/c_1125837983.htm

يىغىنغا شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار قاتناشقان.

يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىنغان:

1. باشتىن - ئاخىر ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى باش ئورۇنغا قويۇش كېرەك.
2. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش يوشۇرۇن خەۋپىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش لازىم.
3. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش قائىدە - تۈزۈملىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىش كېرەك.
4. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى مەنبەدىن تۈزەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم.
5. جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش ئىقتىدارى، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.
6. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش، پۇختىلاش لازىم.
7. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تەشۋىقات - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك.

■ 2020- يىلى شەرقىي تۈركىستان چېگرىسىدىن كىرىپ - چىققان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى يېڭى رېكورت ياراتتى.[27]

[27] شىنجاڭ گېزىتى، 9679 نۆۋەتچى پويىز! 2020 - يىلى شىنجاڭ ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا يېڭى رېكورت يارىتىلدى، 02 - 01 - 2021
http://uy.ts.cn/system/2021/01/02/036547445.shtml

خىتاي تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە ، 2020 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، شەرقىي تۈركىستان ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 9679غا يېتىپ، تارىختىكى يېڭى رېكورت ياراتقان. ئالاتاۋ ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى 5027گە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 41.8% ئاشقان؛ قورغاس ۋوگزالى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى قاتناش سانى 4652گە يېتىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37% ئاشقان.

2019- يىلدا كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئون نۆۋەت قاتناشتىن 2020 - يىلدىكى كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14 نۆۋەت قاتناشقا كۆپەيتىلگەن،ھەتتا بىر كۈندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 23 قېتىمغا يەتكۈزۈلگەن.

ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق قاتنايدىغان نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى ئاساسلىقى چۇڭچىڭ - شەرقىي تۈركىستان - ياۋروپا، جېجياڭ - شەرقىي تۈركىستان - ياۋروپا، چاڭئەن نامىلىق، چېڭدۇ - شەرقىي تۈركىستان - ياۋروپا قاتارلىق 22 لىنىيە بولۇپ، گېرمانىيە، پولشا، بېلگىيە، رۇسىيە قاتارلىق 13 دۆلەتكە يېتىپ بارىدىكەن، مال تۈرى 200 خىلدىن ئاشىدىكەن؛ قورغاس پورتى ئارقىلىق چېگرادىن كىرگەن - چىققان خىتاي - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىز لىنىيەسى 16 بولۇپ، مال تۈرى ئاشلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرى، كۈندىلىك تۇرلۇك ماللار، ئېلېكتىر سايمانلىرى زاپچاسلىرى قاتارلىق 100 خىلدىن ئاشىدىكەن، ئۆزبېكىستان، پولشا، گېرمانىيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە يېتىپ بارىدىكەن.

## مۇلاھىزە

خىتاي 2008 ـ يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقنى <نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش> نامى بىلەن خىتاينىڭ شەھەرلىرىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارغا گۇرۇپپا تەرىقىسىدە تۈركۈملەپ يۆتكەپ كېلىشكە باشلىغان ئىدى.[28] بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنى ئۆز يۇرتلىرىدىن ئايرىپ تېخىمۇ تېز سۈرئەتتە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئىدى. ئەمما شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ئىشچىلار بىلەن خىتاي شەھىرىدىكى خەلق ئارىسىدا كۈلتۈر، تىل، دىن پەرقى سەۋەبىدىن 2009 ـ يىلى 25 ـ ئىيۇل گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى شاۋگۈەن شەھەرىدە توقۇنۇش كېلىپ چىققان ئىدى.[29] 2009 ـ يىلى 5 ـ ئىيۇندا[30] شەرقىي تۈركىستان خەلقى بۇ توقۇنۇشتا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش قىلىش ئارقىلىق نارازىلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغانىدى، ئاقىۋەت خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خەلقلەرنى <نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش> نامى بىلەن ئېلىپ بارغان سىياستى قانلىق بىر پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقان ئىدى.

خىتاي كېيىنكى يىللاردا بۇ سىياستنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن خىتاينىڭ ئىچكىرى شەھەرلىرىدىكى خىتايلارنى <ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش> نامى بىلەن يۆتكەپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا

[28]中央政府门户网站　新疆日报　新疆：少数民族农民赴经济发达地区"淘金”“取经”　2008-08-18　http://www.gov.cn/gzdt/2008-08/18/content_1074026.htm

[29] ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، گۇاڭدۇڭدا ئۇيغۇرلار بىلەن خىتايلار ئارىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەردى، 2009 ـ 06 ـ 26
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/guangzhuda_uyghur_xi_tay_toqunushti_06262009195834.html

[30] ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئۈرۈمچىدە نامىش يۈز بەردى، نامايىش توقۇنۇشقا ئايلاندى، 2009 ـ 07 ـ 05
https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/urumchide_namayish_basturul_di_07052009224914.html

باشلىدى[31]، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى يەنىلا زاۋۇت-كارخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن خىتايلارغا بولسا ئېتىبار سىياسەتلەرنى يولغا قويۇپ يۇقىرىسى مەمۇرى ئورۇنغا[32] تۆۋىنى يېزا-كەنتلەردە كۆلەملەشكەن دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىغا يەرلەشتۈردى، ھەتتا تورالغۇ ئۆي بېرىش سىياسەتلىرىنى يولغا قويدى.

مانا بۇلاردىن خىتاينىڭ ئۆز خەلقىنى شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سىياسىتىگە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ بولسا پايدىسىنى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۆتمۈشكە قارىغاندا بۇ سىياسەتنى تېخىمۇ كېڭەيتكەنلىكىنى ۋە تېزلەشتۈرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭ 2013 - يىلى 18 - ئىيۇل مەركىزىي سىياسىي كومىتېت ئىدارىسىنىڭ 28-دائىمىي كومىتېتى يىغىنىدا بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش توغرىسىدا كۆرسەتمىلەر بەرگەن ئىدى.[33] مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خىتاينىڭ <ختاي 2035> پىلانى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش مۇھىم ھالقا بولغاچقا، بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىشقا چېتىشلىق بارلىق نۇقتىلارنى باشقۇرۇش- تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش قاتارلىق بىر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئالغان ئىدى.

خىتاي بۇ تەدبىر ۋە سىياسەتلىرى ئارقىلىق <ختاي 2035> ۋە <بىر بەلباغ بىر يول> پىلانلىرىنى توسالغۇسىز ۋە كەمتۈكسىز ئېلىپ بېرىشقا ئاساس

[31]天山网、新疆少数民族劳动就业调查报告、2020-10-20 http://www.chinanews.com/gn/2020/10-20/9317353.shtml

[32] ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، خىتاي دائىرىلىرى يېقىنقى 5-4 يىلدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 21 مىڭ خىتاي ئوقۇتقۇچى قوبۇل قىلغان، 11-12-2020
https://www.rfa.org/uyghur/qisqa_xewer/uyghurgha-yotkesh-12112020195923.html

[33]原安监总局官网，习近平总书记在中央政治局第28次常委会就做好安全生产工作作出重要指示，2013-07-18。 http://www.nhri.cn/art/2020/6/3/art_2907_42993.html

سىلىنىۋاتىدۇ دېيەلەيمىز. شەرقىي تۈركىستان خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپاغا ئېچىلىدىغان مۇھىم نۇقتىسى(ئەركىن ئەكرەم)، شۇڭلاشقا بىلەن بىرگە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا بۇرۇن مەۋجۇت بولغان ۋە يېڭى ئېچىۋاتقان زاۋۇت-كارخانىلىرىدا مەجبۇرى ئىشلىتىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى يەرلەشتۈرۈشى سەۋەبلىك بىختەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك يەتتە نۇقتىدا چىڭ تۇتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. خىتاينىڭ بۇ تۈردىكى سىياسەتلىرىنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى 2020- يىلىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن كىرىپ - چىققان نۆۋەتچى پويىزلارنىڭ ئوخشاش مەزگىللىرىگە قارىغاندا ئېشىپ 9679 قېتىمغا يەتكەنلىكىنى، بۇ توشۇلغان ماللارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلار مەجبۇرى ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان زاۋۇت-كارخانىلارنىڭ ماللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق دەۋاگەرلىرىنىڭ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرى ئەمگەككە سالغانلىقى خەلقئاراغا پاش قىلىندى.[34] بۇ تىرىشىش نەتىجىسىدە خىتاي بىلەن سودا كېلىشىمى بولغان بەزى دۆلەت، شىركەت ۋە شەخسلەر خىتاي بىلەن تۈزگەن كېلىشىملىرىنى بىكار قىلدى. خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان سىياسەتلىرىگە قارشى ھەرقايسى دۆلەت پارلامېنتلىرىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە ئورۇن ئاجرىتىلىپ، خىتايغا قارىتا بەزى تەدبىرلەر ئېلىندى.

## تەۋسىيە

ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق ئۈمىدلىك بولۇپ، ئاز بولسىمۇ قولىدىن

[34] Adrian Zenz, Coercive Labor in Xinjiang: Labor Transfer and the Mobilization of Ethnic Minorities to Pick Cotton, 2020-12-14 https://cgpolicy.org/briefs/coercive-labor-in-xinjiang-labor-transfer-and-the-mobilization-of-ethnic-minorities-to-pick-cotton/

كېلىشىچە قىلغان تىرىشچانلىقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن پايدىسى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىشى، ئۆز ئائىلىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان تىرىشچانلىقلىرىنى ئومۇمىي شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا ئېلىپ بېرىش لازىملىقىنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك. ئەكسىچە بولغاندا، خىتاينىڭ ھازىرقى ھاكىم مۇتلەق سىياسىي تۈزۈمى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مەنپەئەتىنىلا قوغدايدىغان قانۇن چۈشەنچىسى، باشقىلارنى يۇتۇپ كېتىشنى مەقسەت قىلىدىغان سىياسىي كۈلتۈر ئەنئەنىسى، ئىشغالىيەتچى سالاھىيىتى، مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىماسلىقتەك غەيرى ئەخلاقىي چۈشەنچىسىلا مەۋجۇت بولىدىكەن، شەرقىي تۈركىستانلىقلار جۈملىدىن ئۇيغۇرلار ھەققىي مەنىدە ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەسلىك بىلەن بىرگە، ئەقەللىي ئىنسان ھەقلىرىدىن مەھرۇم ھالدا ياشايدۇ. شۇڭا دەۋانى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش لازىم.